# شىنجاڭ گېزىتى

2020- يىل 3- ئاي
29
يەكشەنبە
维吾尔文 3 月29日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57    ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com    25015- سان    بۈگۈن 4 بەت


## ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىككى يىل ئىچىدە 3 مىليون مو يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز يېڭىدىن كۆپەيتىلىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ يىنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىلدىن باشلاپ بىر - ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 3 مىليون مو يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ تاماملايدىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز بەرپا قىلىش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كەسپلەر ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر قىلىپ، نامرات رايونلار، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز بەرپا قىلىشىغا پائال ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدىكەن. يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشىدا تۇتاش ئالغا سىلجىتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك تەبىئىي بايلىقىنىڭ ئېكولوگىيەلىك شارائىتى ۋە يېزا ئىگىلىك كەسپلىرىنىڭ جايلىشىشىغا ئاساسەن، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈلۈپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق تۈرى قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى بېكىتىلىدىكەن. شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدا پرىنسىپ جەھەتتە يەككە تۈر رايونى 3000 مودىن تۆۋەن بولسا بولمايدىكەن، جەنۇبىي شىنجاڭدا پرىنسىپ جەھەتتە يەككە تۈر رايونى 1500 مودىن تۆۋەن بولسا بولمايدىكەن،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ، ئۆگىنىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقى قاتارلىق خىزمەتلىرى تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

# ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، ئەسلىگە قولغا كەلگەن ياخشى ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، تىرىشىپ پۈتۈن يىللىق تەرەققىيات نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 3- ئاينىڭ 28- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ، ئۆگىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقى قاتارلىق خىزمەتلىرىنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھازىرقى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشتەك ياخشى ھالەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ دائىملىشىشىنى ساقلاش بىلەن بىللە، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشتا تەۋرەنمەسلىك، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا تەۋرەنمەسلىك، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى ساقلاشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجە - ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك. باشتىن - ئاخىر ئېھتىياتچان بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەۋپ - خەتەر مەنبەسى، خەۋپ - خەتەر نۇقتىسىنى دەل جايىدا پەرقلەندۈرۈپ باشقۇرۇپ تىزگىنلەپ، پورتتا يۇقۇمنى تەكشۈرۈش، چېگرادىن كىرىش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئايرىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتىنى ھەقىقىي ساقلاش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى چۆرىدەپ،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ۋىرۇسقا ئاسقان كارخانىلار يېڭى ئۈچ بۆلەكتە جەمئىي 3 مىليارد 100 مىليون يۈەن مەبلەغ يۆرۈشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى

## ئاپتونوم رايونىمىز ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ يېڭى ئۈچ بۆلەكتە ۋىرۇسقا ئېسىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈڭپىڭ**نىڭ شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، يېڭى ئۈچ بۆلەك ئىسلاھات تەدبىرىنىڭ تەدرىجىي ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى ئۈچ بۆلەكنىڭ مەبلەغ يۆرۈشتۈرۈش ئىقتىدارى يەنىمۇ جانلانغان. 3- ئاينىڭ 27- كۈنىگىچە، شىنجاڭدىكى يېڭى ئۈچ بۆلەكتە ۋىرۇسقا ئاسقان كارخانىلارنىڭ يېڭى ئۈچ بۆلەكتە يۆرۈشتۈرگەن مەبلىغى جەمئىي 3 مىليارد 124 مىليون يۈەنگە يەتكەن. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز پۇرسەتنى تېزدىن تۇتۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ يېڭى ئۈچ بۆلەكتە ۋىرۇسقا ئېسىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىۋېتىپتۇ.

يېڭى ئۈچ بۆلەك گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تەسىس قىلغان مەملىكەت خاراكتېرلىك سودا سۇپىسى، دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئاساسلىقى يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى، ئىگىلىك تىكلەش تىپىدىكى، ئۆسۈپ يېتىلىش تىپىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىدۇ، شاڭخەي - شېنجېن سودا بازىرى بىلەن پەرقلىق تەرەققىي قىلىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۆرۈشتۈرۈش يوللىرىنى كېڭەيتىشى، كاپىتال قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، پاي چېكىنىڭ يۆرۈشۈشچانلىقىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، شىركەتلەرنى قېلىپلىشىپ يۆرۈشۈشكە يېتەكلەپ، كېيىنكى داۋاملاشما تەرەققىياتىغا، زورىيىشىغا ئاساس سالىدۇ.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 67 كارخانا يېڭى ئۈچ بۆلەكتە ۋىرۇسقا ئاستى. بۇ كارخانىلار ئاساسلىقى ياسىمىچىلىق، يۇمشاق ماتېرىيال - ئۇچۇر تۈرى قاتارلىق 14 ساھەگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ياسىمىچىلىق كەسپىدىن 21ى، يۇمشاق ماتېرىيال - ئۇچۇر تۈرلىرى كارخانىسىدىن ئونى بار.

بۇ يىلدىن بۇيان، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېڭى ئۈچ بۆلەك ئىسلاھات تەدبىرى ئارقا - ئارقىدىن ئەمەلىيلەشتى.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

## شىنجاڭ پورتىدا تۇنجى تۈركۈم كۆچەت ئىمپورت قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېينىڭ** ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، 3- ئاينىڭ 25- كۈنى، گوللاندىيەدىن يولغا چىققان 379 مىڭ تۈپ كۆچەت بېسىلغان تۆمۈريول يۈك ترانسپورت نۆۋەتچى پويىزى ئالاتاۋ پورتىغا يېتىپ كەلگەن. بۇ، شىنجاڭ پورتىدا چېگرادىن كىرگۈزۈلگەن تۇنجى تۈركۈم كۆچەت ئىكەن.

بۇ بىر تۈركۈم ئىمپورت قىلىنغان كۆچەت ياۋروپا ئالمىسى ئۇلاق تۈۋى كۆچىتى ۋە ئۇرۇقتىن ئۆسكەن كىچىك كۆچەت ئىكەن. كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالاتاۋ پورتى تاموژنىسى مال پورتقا كىرىپ چېگرادىن كىرىش رەسمىيىتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، بىرىنچى ۋاقىتتا مالنى كارانتىن قىلىپ تەستىقلاش ماتېرىيالىنى سىبلىشتۇرۇپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كارانتىندا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، شۇ كۈنىلا ماڭدۇردى.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

## جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پاكىستانغا بېرىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرىدىغان داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى يولغا چىقتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 3- ئاينىڭ 28- كۈنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پاكىستانغا بېرىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرىدىغان داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى، ئۇلار پاكىستانغا بېرىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ھەمكارلىشىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى تەشكىللىگەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تاللاپ ئەۋەتكەن. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنى ئۇزىتىپ قويدى.

مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدا جەمئىي سەككىز كىشى بولۇپ، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1- دوختۇرخانا،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

## خىرىس مەزگىلىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات كۆزنەك مەزگىلىگە ئايلاندۇرايلى

سۆز ھەممىگە

□ شۇ چىڭگۇاڭ

«شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى كارخانىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىشقا ئالدىراش كىرىشىپ كەتتى» «داشمېن سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىدا چىڭ تۇتۇپ قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتىدۇ» «ۋۇسۇيۈەن ‹ئاقىل ئېلېكتىر ئىستانسىسى› 6- ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشكە تىرىشماقتا»... بۇ كۈنلەردە، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا بارغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن قايناق مەنزىرىنى كۆرەلەيدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ پەلەككە يەتكەن غەيرىتىنى ھېس قىلالايدۇ.

ۋاقىت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەش - پەش دېگۈچە بۇ يىلنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ئۆتۈپ كېتەي دەپ قالدى. ئېغىر بولغان ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋەزىپىسى ئالدىدا، باھار مەنزىرىسىنىڭ قىممەتلىكلىكى تېخىمۇ نامايان بولماقتا، بىز پەقەت پەيتنى قولدىن بەرمەي، جاسارەت بىلەن نەتىجە ياراتساقلا، ئاندىن خىرىس مەزگىلىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات كۆزنەك مەزگىلىگە ئايلاندۇرالايمىز.

كارخانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سىياسەتنى چۈشەندۈرۈش، ئۈزلەشتۈرۈش، تەتبىقلاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 4- بەتتە)

مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇش  پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش



«ئاقىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى» ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ياردەم بەردى

3- ئاينىڭ 28- كۈنى، چوڭ تىپتىكى سېيالكا لوپنۇر ناھىيەسىدىكى ئېتىزلاردا كېۋەز تېرىماقتا. بۇ يىل، بۇ ناھىيە يېزا ئىگىلىكىدە ئۈسكۈنىلىك ئاسراش ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانى، بىرلەشمە يەر تۈزلەش ماشىنىسى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق سېيالكا قاتارلىق «ئاقىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى»غا تايىنىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. □ چاڭ شۆخۇي فوتوسى

## قاتناش نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى تېزلەتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لۇ فېڭباۋ، ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: ھاۋانىڭ ئىللىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشيول، تۆمۈريول، خەلق ئاۋىياتسىيەسى قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە كەينى - كەينىدىن ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن تۈرلەردە قۇرۇلۇش مۇددەتتە تېزدىن چىڭ تۇتۇلۇپ جىددىي ئىشلەنمەكتە.

3- ئاينىڭ 26- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، G30 شياۋساۋخۇ - ئۈرۈمچى بۆلىكىنى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا، قېزىش ماشىنىلىرى،

(ئاخىرى 3- بەتتە)

## داۋاملىق قۇرۇلىدىغان سۇچىلىق تۈرلىرىدە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 70% تىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ دۇڭلەينىڭ** 3- ئاينىڭ 27- كۈنى ئېچىلغان پۈتۈن شىنجاڭ سۇچىلىق خىزمىتى يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، 3- ئاينىڭ 27- كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بۇ يىل داۋاملىق قۇرۇلىدىغان 71 سۇچىلىق تۈرىنىڭ 53 تۈرىدە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 74.65% بولغان. پىلان بويىچە يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان مۇھىم، زور سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ھەم دائىرىلىك سۇچىلىق تۈرى جەمئىي 417 تۈر بولۇپ، ھازىر 135 تۈردە ئىش باشلانغان.

(ئاخىرى 3- بەتتە)